## جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى گوۋۇيۈەنىنىڭ پەرمانى

426- نومۇرلۇق

«دىن ئىشلىرى نىزامى» 2004- يىل 7- ئاينىڭ 7- كۈنى گوۋۇيۈەنىنىڭ 57- قېتىملىق دائىمىي يىغىنىدا ماقۇللىنىپ، ھازىر ئېلان قىلىندى، 2005- يىل 3- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

زۇڭلى: ۋېن جىياباۋ

2004- يىل 11- ئاينىڭ 30- كۈنى

# دىن ئىشلىرى نىزامى

## 1- باب ئومۇمىي پرىنسىپ

**1- ماددا** بۇ نىزام پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش، دىنلار ئىناقلىقى ۋە جەمئىيەت ئىناقلىقىنى ساقلاش، دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇش مەقسىتىدە، ئاساسىي قانۇن ۋە ئالاقىدار قانۇنلارغا بىنائەن چىقىرىلدى.

**2- ماددا** پۇقرالار دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ئىگە.

ھەرقانداق تەشكىلات ياكى شەخسنىڭ پۇقرالارنى دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا ياكى دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىققا زورلىشىغا يول قويۇلمايدۇ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان پۇقرالارنى ياكى دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان پۇقرالارنى كەمسىتىشكە يول قويۇلمايدۇ.

دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان پۇقرالار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان پۇقرالار، باشقا- باشقا دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان پۇقرالار ئۆزئارا ھۆرمەتلىشىشى، ئىناق ئۆتۈشى كېرەك.

**3- ماددا** دۆلەت نورمال دىنىي پائالىيەتنى قانۇن بويىچە قوغدايدۇ، دىنىي

تەشكىلات، دىنىي پائالىيەت سورۇنى ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان پۇقرالارنىڭ قانۇنىي هوقۇق- مەنپەئىتىنى قوغدايدۇ.

دىنىي تەشكىلات، دىنىي پائالىيەت سورۇنى ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان پۇقرالار ئاساسىي قانۇن، قانۇن، قانۇن-نىزام ۋە قائىدىلەرگە رىئايە قىلىشى، ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغدىشى كېرەك.

ھەرقانداق تەشكىلات ياكى شەخسنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ، جەمئىيەت تەرتىپىنى بۇزۇشقا، پۇقرالارنىڭ سالامەتلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان، دۆلەتنىڭ مائارىپ تۈزۈمىگە دەخلى قىلىدىغان ھەرىكەتلەردە بولۇشىغا، شۇنداقلا دۆلەت مەنپەئىتى، جامائەت مەنپەئىتى ۋە پۇقرالارنىڭ قانۇنىي هوقۇق- مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان باشقا ھەرىكەتلەردە بولۇشىغا يول قويۇلمايدۇ.

4- ماددا دىنلار مۇستەقىل بولۇش ۋە ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرىدۇ، دىنىي تەشكىلاتلار، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ۋە دىنىي ئىشلار چەت ئەل كۈچلىرىگە بېقىنمايدۇ.

دىنىي تەشكىلات، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى، دىنىي خادىملار دوستلۇق، باراۋەرلىك ئاساسىدىكى تاشقى ئالاقىنى يولغا قويىدۇ؛ باشقا تەشكىلات ياكى شەخسنىڭ تاشقى ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى ھەمكارلىق ۋە ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرىدە قوشۇمچە دىنىي شەرتلەرنى قوبۇل قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

5- ماددا ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دىن ئىشلىرى تارمىقى دۆلەت مەنپەئىتى ۋە جامائەت مەنپەئىتىگە چېتىلىدىغان دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە مەمۇرىي جەھەتتىن باشقۇرىدۇ، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باشقا ئالاقىدار تارماقلىرى ئالاقىدار مەمۇرىي باشقۇرۇش خىزمىتىگە ئۆز مەسئۇلىيىتى دائىرىسىدە قانۇن بويىچە مەسئۇل بولىدۇ.

ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى دىنىي تەشكىلات، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان پۇقرالارنىڭ پىكىرىنى ئاڭلىشى، دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇشى كېرەك.

## 2- باب دىنىي تەشكىلات

6- ماددا دىنىي تەشكىلات قۇرۇش، ئۆزگەرتىش ۋە رويخەتتىن ئۆچۈرۈشتە «ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى تىزىملاپ باشقۇرۇش نىزامى»دىكى بەلگىلىمىگە ئەمەل قىلىش كېرەك.

دىنىي تەشكىلات نىزامنامىسى «ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى تىزىملاپ باشقۇرۇش نىزامى»دىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئۇيغۇن كېلىشى كېرەك.

دىنىي تەشكىلاتنىڭ ئۆز نىزامنامىسى بويىچە قانات يايدۇرغان پائالىيىتىنى قانۇن قوغدايدۇ.

7- ماددا دىنىي تەشكىلاتلار دىنىي ماتېرىيال تۈسىدىكى ئىچكى نەشر بۇيۇملىرىنى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە تۈزۈپ باستۇرسا بولىدۇ. ئاشكارا تارقىتىلىدىغان دىنىي نەشر بۇيۇملىرىنى نەشر قىلىشتا دۆلەتنىڭ تەشرىياتچىلىقنى باشقۇرۇشقا دائىر بەلگىلىمىسىگە ئەمەل قىلىش كېرەك.

دىنىي مەزمۇندىكى نەشر بۇيۇملىرى «نەشرىياتچىلىقنى باشقۇرۇش نىزامى»دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئۇيغۇن كېلىشى ھەمدە ئۇنىڭدا تۆۋەندىكى مەزمۇنلار بولماسلىقى كېرەك:

(1) دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان پۇقرالار بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان پۇقرالار ئارىسىدا ئىناقسىزلىق پەيدا قىلىدىغان؛

(2) باشقا-باشقا دىنلار ئارىسىدا ۋە دىننىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىناقسىزلىق پەيدا قىلىدىغان؛

(3) دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان پۇقرالارنى ياكى دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان پۇقرالارنى كەمسىتىدىغان، ھاقارەتلەيدىغان؛

(4) دىنىي ئەسەبىيلىكنى تەرغىپ قىلىدىغان؛

(5) دىننىڭ مۇستەقىل بولۇش ۋە ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش پرىنسىپىغا خىلاپ كېلىدىغان مەزمۇنلار.

8- **ماددا** دىنىي ئالىي مەكتەپ ئېچىشتا، مەملىكەتلىك دىنىي تەشكىلات گوۋۇيۈەنىنىڭ دىن ئىشلىرى تارمىقىغا ئىلتىماس قىلىشى ياكى ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك دىنىي تەشكىلات دىنىي ئالىي مەكتەپ قۇرۇلىدىغان جايدىكى ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دىن ئىشلىرى تارمىقىغا ئىلتىماس قىلىشى كېرەك. ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دىن ئىشلىرى تارمىقى ئىلتىماسنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ 30 كۈن ئىچىدە پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى، قوشۇلىدىغانلىرىنى گوۋۇيۈەنىنىڭ دىن ئىشلىرى تارمىقىغا تەستىقلىتىشى كېرەك.

گوۋۇيۈەنىنىڭ دىن ئىشلىرى تارمىقى مەملىكەتلىك دىنىي تەشكىلاتنىڭ ئىلتىماسىنى ياكى ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى دىن ئىشلىرى تارمىقىنىڭ دىنىي ئالىي مەكتەپ ئېچىش ھەققىدىكى دوكلاتىنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ 60 كۈن ئىچىدە، تەستىقلاش ياكى تەستىقلىماسلىقنى قارار قىلىشى كېرەك.

9- **ماددا** ئېچىلىدىغان دىنىي ئالىي مەكتەپ تۆۋەندىكى شەرتلەرنى ھازىرلىشى كېرەك:

(1) تەربىيەلەش نىشانى، مەكتەپ نىزامنامىسى ۋە تەسىس قىلىنىدىغان دەرسلىك پىلانى ئېنىق بولۇش؛

(2) تەربىيەلەش شەرتىگە توشىدىغان ئوقۇغۇچى مەنبەسى بولۇش؛

(3) مەكتەپ ئېچىشتا زۆرۈر مەبلەغ ۋە مۇقىم خىراجەت مەنبەسى بولۇش؛

(4) ئوقۇتۇش ۋەزىپىسى ۋە مەكتەپ كۆلىمىگە مۇناسىپ ئوقۇتۇش سورۇنى، ئەسلىھە - مۇئەسسەسلىرى بولۇش؛

(5)مەخسۇس مەكتەپنىڭ مەسئۇلى، لاياقەتلىك مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى ۋە ئىچكى باشقۇرغۇچى تەشكىلاتى بولۇش؛

(6) جايلىششى مۇۋاپىق بولۇش.

10- **ماددا** مەملىكەتلىك دىنىي تەشكىلات شۇ دىنىنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ دىن

ئوقۇيدىغانلارنى چەت ئەلگە ئوقۇشقا ئەۋەتسە ۋە چەت ئەلدىن كەلگەن دىن ئوقۇيدىغانلارنى قوبۇل قىلسا بولىدۇ.

11- ماددا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ ھەج قىلىشىنى مەملىكەتلىك ئىسلام دىنى تەشكىلاتى تەشكىللەيدۇ.

## 3- باب دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى

12- ماددا دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان پۇقرالارنىڭ كوللېكتىپ دىنىي پائالىيىتى ئومۇمەن تىزىمغا ئېلىنغان دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى (ساڭرام، تويىن ئىبادەتخانىسى، مەسچىت، چېركاۋ ۋە باشقا مۇقىم دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى)دا ئۆتكۈزۈلۈشى، دىنىي پائالىيەت سورۇنى ياكى دىنىي تەشكىلات تەشكىلاتچىلىق قىلىشى، دىنىي خادىم ياكى شۇ دىنىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان باشقا كىشىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە دىنىي قائىدە بويىچە ئۆتكۈزۈلۈشى كېرەك.

13- ماددا دىنىي پائالىيەت سورۇنى سېلىشتا، دىنىي تەشكىلات دىنىي پائالىيەت سورۇنى سېلىنىدىغان جايدىكى ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دىن ئىشلىرى تارمىقىغا ئىلتىماس قىلىدۇ. ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دىن ئىشلىرى تارمىقى ئىلتىماسنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ 30 كۈن ئىچىدە، قوشۇلىدىغانلىرىنى رايون بار شەھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دىن ئىشلىرى تارمىقىغا تەستىقلىتىشى كېرەك.

رايون بار شەھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دىن ئىشلىرى تارمىقى ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى دىن ئىشلىرى تارمىقىنىڭ دوكلاتىنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ 30 كۈن ئىچىدە، ساڭرام، تويىن ئىبادەتخانىسى، مەسچىت، چېركاۋ سېلىشقا قوشۇلغانلىق تەكشۈرۈش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دىن ئىشلىرى تارمىقىغا تەستىقلىتىش؛ باشقا مۇقىم دىنىي پائالىيەت سورۇنى سېلىشنى تەستىقلاش ياكى تەستىقلىماسلىقنى قارار قىلىشى كېرەك.

ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دىن ئىشلىرى تارمىقى رايون بار شەھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى دىن ئىشلىرى تارمىقىنىڭ ساۋرام، تويىن ئىبادەتخانىسى، مەسچىت، چېركاۋ سېلىشقا قوشۇلغانلىقى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ 30 كۈن ئىچىدە، تەستىقلاش ياكى تەستىقلىماسلىقنى قارار قىلىشى كېرەك.

دىنىي تەشكىلاتلاردىن دىنىي پائالىيەت سورۇنى سېلىش ئىلتىماسى تەستىقلانغانلىرى شۇ سورۇننى سېلىش تەييارلىقنى قىلسا بولىدۇ.

14- ماددا سېلىنىدىغان دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى تۆۋەندىكى شەرتلەرنى ھازىرلىشى كېرەك:

(1) سېلىش مەقسىتى مۇشۇ نىزامنىڭ 3-، 4- ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپ بولماسلىق؛

(2) شۇ جايدىكى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان پۇقرالارنىڭ دائىم كوللېكتىپ دىنىي پائالىيەت ئۆتكۈزۈشكە ئېھتىياجى چۈشۈش؛

(3)دىنىي پائالىيەتكە رىياسەتچىلىك قىلىدىغان دىنىي خادىملار ياكى شۇ دىننىڭ بەلگىلىمىسىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان باشقا خادىملار بولۇش؛

(4) زۆرۈر مەبلىغى بولۇش؛

(5) جايلىشىشى مۇۋاپىق بولۇش، ئەتراپتىكى ئورۇن ۋە ئاھالىنىڭ نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىغا دەخلى قىلمايدىغان بولۇش.

15- ماددا دىنىي پائالىيەت سورۇنى سېلىش تەستىقلىنىپ تەييارلىقى باشلانغان ھەمدە قۇرۇلۇشى پۈتكەندىن كېيىن، شۇ جايدىكى ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دىن ئىشلىرى تارمىقىغا تىزىملاشنى ئىلتىماس قىلىش كېرەك. ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دىن ئىشلىرى تارمىقى ئىلتىماسنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ 30 كۈن ئىچىدە، شۇ دىنىي پائالىيەت سورۇنىنىڭ باشقۇرغۇچى تەشكىلاتى، قائىدە-تۈزۈم قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈپ، شەرتكە توشىدىغانلىرىنى تىزىملاپ، «دىنىي پائالىيەت سورۇنى تىزىملاش گۇۋاھنامىسى» بېرىشى كېرەك.

16- **ماددا** دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى قوشۇۋېتىش، ئايرىش، بىكار قىلىش ياكى ئۇنى تىزىملاش مەزمۇنىنى ئۆزگەرتىشتە، ئەسلىدىكى تىزىملاپ باشقۇرغۇچى ئورگانغا بېرىپ، مۇناسىپ ئۆزگەرتىش رەسمىيىتىنى ئۆتەش كېرەك.

17- **ماددا** دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىدا باشقۇرغۇچى تەشكىلات قۇرۇلۇپ، دېموكراتىك باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش كېرەك. دىنىي پائالىيەت سورۇنىنى باشقۇرغۇچى تەشكىلاتنىڭ ئەزالىرى دېموكراتىك كېڭىشىش ئارقىلىق كۆرسىتىلىدۇ ۋە شۇ سورۇننى تىزىملاپ باشقۇرغۇچى ئورگانغا ئەنگە ئالدۇرۇلىدۇ.

18- **ماددا** دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ئىچكى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئالاقىدار قانۇن-نىزام- قائىدىلەردىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە خادىم، مالىيە، بوغالتىرلىق، ئامانلىق، ئوت مۇداپىئەسى، مەدەنىيەت يادىكارلىق مۇھاپىزىتى، سەھىيە يۇقۇم مۇداپىئەسى قاتارلىقلارنى باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شۇ جايدىكى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاقىدار تارمىقىنىڭ يېتەكچىلىكى، نازارىتى، تەكشۈرۈشىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك.

19- **ماددا** دىن ئىشلىرى تارمىقى دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ قانۇن- نىزام -قائىدىلەرگە رىئايە قىلىش ئەھۋالى، سورۇن باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىش ۋە ئىجرا قىلىش ئەھۋالى، تىزىملاتقان تۈرلىرىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى، دىنىي پائالىيىتى ۋە چەتكە چېتىشلىق پائالىيەت ئەھۋالىنى نازارەت قىلىشى ۋە تەكشۈرۈشى كېرەك. دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى دىن ئىشلىرى تارمىقىنىڭ نازارىتى ۋە تەكشۈرۈشىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك.

20- **ماددا** دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى دىنىي ئادەت بويىچە، پۇقرالارنىڭ ئىئانىسىنى قوبۇل قىلسا بولىدۇ، لېكىن زورلاشقا ياكى سېلىق سېلىشقا بولمايدۇ.

غەيرىي دىنىي تەشكىلات ،غەيرىي دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ دىنىي پائالىيەت ئۇيۇشتۇرۇشىغا، ئۆتكۈزۈشىگە يول قويۇلمايدۇ، دىنىي ئىئانە قوبۇل قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

21-**ماددا** دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىدا دىنىي لازىمەتلىك، دىنىي سەنئەت بۇيۇمى، دىنىي نەشر بۇيۇمى تىجارىتى قىلىشقا بولىدۇ.

دىنىي پائالىيەت سورۇنى سۇپىتىدە تىزىمغا ئېلىنغان ساگرام، تويىن ئىبادەتخانىسى، مەسچىت، چېركاۋلار دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە، دىنىي ماتېرىيال تۇسىدىكى ئىچكى نەشر بۇيۇملىرىنى تۈزۈپ باستۇرسا بولىدۇ.

22- **ماددا** ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر ھالقىپ، دىنىي پائالىيەت سورۇنىغا سىغمايدىغان چوڭ دىنىي پائالىيەت ئۆتكۈزۈشتە ياكى دىنىي پائالىيەت سورۇنىنىڭ سىرتىدا چوڭ دىنىي پائالىيەت ئۆتكۈزۈشتە، ئۇيۇشتۇرغۇچى دىنىي تەشكىلات، ساگرام، تويىن ئىبادەتخانىسى، مەسچىت، چېركاۋلار پائالىيەت ئۆتكۈزۈشتىن 30 كۈن ئىلگىرى، چوڭ دىنىي پائالىيەت ئۆتكۈزۈلىدىغان جايدىكى ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دىن ئىشلىرى تارمىقىغا ئىلتىماس قىلىشى كېرەك. ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دىن ئىشلىرى تارمىقى ئىلتىماسنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ 15 كۈن ئىچىدە، تەستىقلاش ياكى تەستىقلىماسلىقنى قارار قىلىشى كېرەك.

چوڭ دىنىي پائالىيەتلەر تەستىق ئۇقتۇرۇشىدىكى تەلەپكە بىنائەن، دىنىي قائىدە بويىچە ئۆتكۈزۈلۈشى كېرەك، بۇ نىزامنىڭ 3-، 4- ماددىسىدىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ. ئۇيۇشتۇرغۇچى دىنىي تەشكىلات، ساگرام، تويىن ئىبادەتخانىسى، مەسچىت، چېركاۋلار ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، كۆتۈلمىگەن ھادىسىلەرنىڭ كۆرۈلۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. چوڭ دىنىي پائالىيەت ئۆتكۈزۈلىدىغان جايدىكى يېزىلىق، بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاقىدار تارمىقى ئۆز مەسئۇلىيىتى بويىچە ئوبدان باشقۇرۇپ، چوڭ دىنىي پائالىيەتنىڭ بىخەتەر، تەرتىپلىك ئۆتكۈزۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

23- **ماددا** دىنىي پائالىيەت سورۇنى شۇ سورۇندا زور ھادىسە يۈز بېرىشىنىڭ

ياكى دىنىي پەرھىزگە خىلاپلىق قىلىشتەك دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان پۇقرالارنىڭ دىنىي ھېسسىياتىغا ئازار بېرىدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، جەمئىيەت مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ۋەقەلەر يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك.

ئالدىنقى تارماقتا كۆرسىتىلگەن ھادىسە ياكى ۋەقە يۈز بەرگەندە، دىنىي پائالىيەت سورۇنى شۇ جايدىكى ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دىن ئىشلىرى تارمىقىغا دەرھال مەلۇم قىلىشى كېرەك.

24- **ماددا** دىنىي تەشكىلات، ساگرام، تويىن ئىبادەتخانىسى، مەسچىت، چېركاۋلار دىنىي پائالىيەت سورۇنىنىڭ سىرتىدىكى ئوچۇقچىلىقتا چوڭ دىنىي ھەيكەل ياسىماقچى بولسا، ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلىك دىنىي تەشكىلات ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دىن ئىشلىرى تارمىقىغا ئىلتىماس قىلىشى كېرەك. ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دىن ئىشلىرى تارمىقى ئىلتىماسنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ 30 كۈن ئىچىدە پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى، قوشۇلىدىغانلىرىنى گوۋۇيۈەنىنىڭ دىن ئىشلىرى تارمىقىغا تەستىقلىتىشى كېرەك.

گوۋۇيۈەنىنىڭ دىن ئىشلىرى تارمىقى دىنىي پائالىيەت سورۇنىنىڭ سىرتىدىكى ئوچۇقچىلىقتا چوڭ دىنىي ھەيكەل ياساش توغرىسىدىكى دوكلاتنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ 60 كۈن ئىچىدە، تەستىقلاش ياكى تەستىقلىماسلىقنى قارار قىلىشى كېرەك.

دىنىي تەشكىلات، ساگرام، تويىن ئىبادەتخانىسى، مەسچىت، چېركاۋدىن باشقا تەشكىلات ياكى شەخسنىڭ ئوچۇقچىلىقتا چوڭ دىنىي ھەيكەل ياسىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

25- **ماددا** ئالاقىدار ئورۇن ۋە شەخسلەر دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىدىكى قۇرۇلمىلارنى ئۆزگەرتمەكچى ياكى ئېچىلىدىن سالماقچى، سودا مۇلازىمەت نۇقتىسى قۇرماقچى، كۆرگەزمە ئۆتكۈزمەكچى، كىنو- تېلېۋىزىيە فىلىمىنى سۈرەتكە ئالماقچى بولسا، ئالدى بىلەن شۇ دىنىي پائالىيەت سورۇنىنىڭ ۋە شۇ سورۇن بار ناھىيە

دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى دىن ئىشلىرى تارمىقىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىشى كېرەك.

26- ماددا دىنىي پائالىيەت سورۇنى ئاساسلىق سەيلە- ساياھەت مەزمۇنى قىلىنغان داڭلىق مەنزىرە رايونىدا، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى دىنىي پائالىيەت سورۇنى بىلەن باغۋەنچىلىك، مەدەنىيەت يادىكارلىقى، ساياھەتچىلىكنىڭ مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى تەڭشەپ ۋە بىرتەرەپ قىلىپ، دىنىي پائالىيەت سورۇنىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق- مەنپەئىتىنى قوغدىشى كېرەك.
دىنىي پائالىيەت سورۇنى ئاساسلىقى سەيلە- ساياھەت مەزمۇنى قىلىنغان داڭلىق مەنزىرە رايونىنىڭ پىلانلاش قۇرۇلۇشى دىنىي پائالىيەت سورۇنىنىڭ ئۇسلۇبى ۋە مۇھىتىغا ماس كېلىشى كېرەك.

## 4- باب دىنىي خادىملار

27- ماددا دىنىي خادىملار دىنىي تەشكىلاتنىڭ بەلگىلىشى ئارقىلىق، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دىن ئىشلىرى تارمىقى ئەنگە ئالغاندىن كېيىن دىنىي ئوقۇتۇش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانسا بولىدۇ.
تىبەت بۇددا دىنى گېگەنىنىڭ ۋارىسلىق قىلىشى بۇددا دىنى تەشكىلاتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، دىنىي قائىدە ۋە تارىخىي بەلگىلىمە بويىچە بولىدۇ، رايون بار شەھەر دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دىن ئىشلىرى تارمىقىغا ياكى رايون بار شەھەر دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىگە تەستىقلىتىلىدۇ. كاتولىك دىنىنىڭ ئېپىسكوپىنى مەملىكەتلىك كاتولىك دىنى تەشكىلاتى گوۋۇيۈەنىنىڭ دىن ئىشلىرى تارمىقىغا ئەنگە ئالدۇرىدۇ.

28- ماددا دىنىي خادىملارنىڭ دىنىي پائالىيەت سورۇنىدا ئاساسلىق دىنىي ۋەزىپە ئۆتىشى ياكى ۋەزىپىدىن ئايرىلىشى شۇ دىن تەشكىلاتىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دىن ئىشلىرى تارمىقىغا ئەنگە ئالدۇرۇلىدۇ.

29- **ماددا** دىنىي خادىملارنىڭ دىنىي پائالىيەتكە رىياسەتچىلىك قىلىش، دىنىي مۇراسىم ئۆتكۈزۈش، دىنىي كىتابلارنى رەتلەش، دىنىي مەدەنىيەتنى تەتقىق قىلىش قاتارلىق پائالىيەتلىرىنى قانۇن قوغدايدۇ.

## 5- باب دىنىي مال ـ مۈلۈك

30- **ماددا** دىنىي تەشكىلات ۋە دىنىي پائالىيەت سورۇنى قانۇنلۇق ئىشلىتىۋاتقان يەر، قانۇنلۇق ئىگىدارلىق قىلىۋاتقان ياكى ئىشلىتىۋاتقان ئۆي، قۇرۇلما، ئەسلىھەلەر، باشقا قانۇنلۇق مال-مۈلۈك ۋە تاپاۋەت قانۇندا قوغدىلىدۇ.

ھەرقانداق تەشكىلات ياكى شەخسنىڭ دىنىي تەشكىلات ۋە دىنىي پائالىيەت سورۇنىنىڭ قانۇنلۇق مال-مۈلۈكىنى ئىگىلىۋېلىشى، تالاپ كېتىشى، بۆلۈشۈۋېلىشى، نابۇت قىلىشىغا ياكى قانۇنسىز پېچەتلىشى، تۇتۇپ قېلىشى، توڭلىتىپ قويۇشى، مۇسادىرە قىلىشى ۋە بىرتەرەپ قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ، دىنىي تەشكىلات ۋە دىنىي پائالىيەت سورۇنىنىڭ ئىلكىدە بولغان، ئىشلىتىۋاتقان مەدەنىيەت يادىكارلىقنى نابۇت قىلىۋېتىشكە يول قويۇلمايدۇ.

31- **ماددا** دىنىي تەشكىلات ۋە دىنىي پائالىيەت سورۇنى ئۆز ئىلكىدە بولغان ئۆي ۋە ئىشلىتىۋاتقان يەرنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆي-جاي، يەر باشقۇرۇش تارمىقىغا قانۇن بويىچە ئىلتىماس قىلىپ تىزىملىتىپ، ئىگىدارلىق ھوقۇقى، ئىشلىتىش ھوقۇقى گۇۋاھنامىسى ئېلىش كېرەك؛ مۈلۈك ھوقۇقىدا ئۆزگىرىش بولغاندا، ئۆزگەرتىش رەسمىيىتىنى ۋاقتىدا ئۆتەش كېرەك.

يەر باشقۇرۇش تارمىقى دىنىي تەشكىلات ياكى دىنىي پائالىيەت سورۇنىنىڭ يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى بەلگىلەش ۋە ئۆزگەرتىشتە شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى دىن ئىشلىرى تارمىقىنىڭ پىكرىنى ئېلىشى كېرەك.

32- **ماددا** دىنىي پائالىيەت سورۇنى دىنىي پائالىيەتكە ئىشلىتىۋاتقان ئۆي، قۇرۇلما ۋە ئۆز دىنىي خادىملىرىنىڭ تۇرمۇش ئۆيلىرىنى ئۆتۈنۈپ بېرىشكە، رەنە قويۇشقا ياكى ماددىي مەبلەغ قىلىشقا بولمايدۇ.

33- **ماددا** شەھەر پىلانلاش ياكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇش ئېھتىياجى بىلەن، دىنىي تەشكىلات ياكى دىنىي پائالىيەت سورۇنىنىڭ ئۆي- قۇرۇلمىلىرىنى چېقىش-كۆچۈرۈشكە توغرا كەلسە، چاقىقۇچىلار شۇ دىنىي تەشكىلات ياكى دىنىي پائالىيەت سورۇنى بىلەن كېڭىشىشى ھەمدە مۇناسىۋەتلىك دىن ئىشلىرى تارمىقىنىڭ پىكرىنى ئېلىشى كېرەك. تەرەپلەر كېڭىشىپ، چېقىش-كۆچۈرۈشكە قوشۇلسا، چاقىقۇچىلار چېقىلىدىغان ئۆي- قۇرۇلمىنى يېڭىدىن سېلىپ بېرىشى ياكى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە، چېقىلغان، كۆچۈرۈلگەن ئۆي- قۇرۇلمىغا بازار باھالانما باھاسى بويىچە تۆلەم بېرىشى كېرەك.

34- **ماددا** دىنىي تەشكىلات، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە يولغا قويسا بولىدۇ، بۇنىڭ تاپاۋىتى ۋە باشقا قانۇنلۇق كىرىمىنى مالىيە ۋە بوغالتىرلىق باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، شۇ دىنىي تەشكىلات ياكى دىنىي پائالىيەت سورۇنىنىڭ مەقسىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان پائالىيەت ۋە جامائەت پاراۋانلىق ئىشلىرىغا ئىشلىتىشى كېرەك.

35- **ماددا** دىنىي تەشكىلات ۋە دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە، چېگرا ئىچى-سىرتىدىكى تەشكىلات ۋە شەخسلەرنىڭ ئىئانىسىنى قوبۇل قىلىپ، شۇ دىنىي تەشكىلات، دىنىي پائالىيەت سورۇنىنىڭ مەقسىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان پائالىيەتلەرگە ئىشلەتسە بولىدۇ.

36- **ماددا** دىنىي تەشكىلات ۋە دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى دۆلەتنىڭ مالىيە- بوغالتىرلىق، باج باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى ئىجرا قىلىپ، دۆلەتنىڭ باجغا دائىر بەلگىلىمىسى بويىچە باج كېمەيتىش ۋە كەچۈرۈم قىلىش ئېتىبارىدىن بەھرىمەن بولۇشى كېرەك.

دىنىي تەشكىلات ۋە دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى شۇ جايدىكى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دىن ئىشلىرى تارمىقىغا مالىيە كىرىم – چىقىم ئەھۋالىنى ۋە ئىئانە قوبۇل قىلىش، ئىشلىتىش ئەھۋالىنى دوكلات قىلىشى ھەمدە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان پۇقرالارغا مۇۋاپىق ئۇسۇلدا ئېلان قىلىشى كېرەك.

37- ماددا دىنىي تەشكىلات ۋە دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىدىن رويخەتتىن ئۆچۈرۈلىدىغانلىرى ياكى بىكار قىلىنىدىغانلىرى مال-مۈلۈكنى ئېنىقلىشى، ئېنىقلاپ بولغاندىن كېيىن ئاشقان مال-مۈلۈكنى شۇ دىنىي تەشكىلات ياكى دىنىي پائالىيەت سورۇنىنىڭ مەقسىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىشقا ئىشلىتىشى كېرەك.

## 6- باب قانۇن جاۋابكارلىقى

38- ماددا دۆلەت خادىملىرىدىن دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا خىزمەت هوقۇقىدىن كەلسە-كەلمەس پايدىلىنىپ، خىزمەتتە بىپەرۋالىق قىلىپ ۋە نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرمىگەنلىرىگە قانۇن بويىچە مەمۇرىي چارە كۆرۈلىدۇ.

39- ماددا پۇقرالارنى دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا ياكى دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىققا زورلىغان، ياكى دىنىي تەشكىلات، دىنىي پائالىيەت سورۇنىنىڭ نورمال دىنىي پائالىيىتىگە كاشىلا قىلغانلارنى دىن ئىشلىرى تارمىقى تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ؛ ئامانلىق باشقۇرۇشقا خىلاپ قىلمىش سادىر قىلغانلىرىغا قانۇن بويىچە ئامانلىق باشقۇرۇش جازاسى بېرىلىدۇ.

دىنىي تەشكىلات، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان پۇقرالارنىڭ قانۇنىي هوقۇق-مەنپەئەتىگە چېقىلغانلار قانۇن بويىچە هەق تەلەپ جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەر قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

40- ماددا دىندىن پايدىلىنىپ دۆلەت خەۋپسىزلىكى، جامائەت خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزۈش، پۇقرالارنىڭ جىسمانىي هوقۇقى، دېموكراتىك هوقۇقىغا چېقىلىش، ئىجتىمائىي باشقۇرۇش تەرتىپىگە دەخلى قىلىش، جامائەتنىڭ ۋە شەخسلەرنىڭ مال-مۈلكىگە چېقىلىش قاتارلىق قانۇنغا خىلاپ هەرىكەتلەرنى قىلىپ

جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەر قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرمىگەنلەرنى ئالاقىدار مەسئۇل تارماق قانۇن بويىچە مەمۇرىي جەھەتتىن جازالايدۇ؛ قانۇنىي ئىگىلەر ياكى باشقا تەشكىلاتلارغا زىيان يەتكۈزگەنلەر قانۇن بويىچە ھەق تەلەپ جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

چوڭ دىنىي پائالىيەتلەردە جامائەت خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزۈش ياكى ئىجتىمائىي تەرتىپكە ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئەھۋالى كۆرۈلسە، يىغىلىش ئۆتكۈزۈش، نامايىش قىلىش، كۈچ كۆرسىتىشكە ئالاقىدار قانۇن، مەمۇرىي نىزام بويىچە شۇ جايدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ ۋە جازالىنىدۇ؛ ئۇيۇشتۇرغۇچى دىنىي تەشكىلات، ساڭرام، تويىن ئىبادەتخانىسى، مەسچىت، چېركاۋنىڭ جاۋابكارلىقى بولسا، تىزىملاپ باشقۇرغۇچى ئورگان رويخەتتىن ئۆچۈرىدۇ.

ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن چوڭ دىنىي پائالىيەت ئۆتكۈزگەنلەرنى دىن ئىشلىرى تارمىقى پائالىيەتنى توختىتىشقا بۇيرۇيدۇ؛ قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتى بارلىرىنىڭ قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنى مۇسادىرە قىلىدۇ، قوشۇمچە قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنىڭ 1 ھەسسىسىدىن يۇقىرى، 3 ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويسا بولىدۇ؛ بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ دىنىي پائالىيەتنى دىنىي تەشكىلات، دىنىي پائالىيەت سورۇنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئۆتكۈزگەن بولسا، تىزىملاپ باشقۇرغۇچى ئورگان شۇ دىنىي تەشكىلات، دىنىي پائالىيەت سورۇنىنى بىۋاسىتە جاۋابكار مەسئۇل خادىمنى ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشلاش ياكى ئالماشتۇرۇشقا بۇيرۇسمۇ بولىدۇ.

41- ماددا دىنىي تەشكىلات ۋە دىنىي پائالىيەت سورۇنى تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ بىرىنى سادىر قىلسا، دىن ئىشلىرى تارمىقى تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ؛ قىلمىشى ئېغىرراق بولسا، تىزىملاپ باشقۇرغۇچى ئورگان شۇ دىنىي تەشكىلات ۋە دىنىي پائالىيەت سورۇنىنى بىۋاسىتە جاۋابكار مەسئۇل خادىمنى ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشلاش ياكى ئالماشتۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولسا، تىزىملاپ باشقۇرغۇچى ئورگان شۇ دىنىي تەشكىلات ۋە دىنىي پائالىيەت سورۇنىنى رويخەتتىن ئۆچۈرىدۇ؛ قانۇنسىز پۇل-مېلىنى مۇسادىرە قىلىدۇ؛

(1) تىزىملاش ئۆزگەرتىش ياكى ئەنگە ئالدۇرۇش رەسمىيىتىنى بېجىرىشتە بەلگىلىمىگە ئەمەل قىلمىسا؛

(2) دىنىي پائالىيەت سورۇنى مۇشۇ نىزامنىڭ 18- ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئالاقىدار باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى ئورناتمىغان ياكى باشقۇرۇش تۈزۈمى تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىسا؛

(3) دىنىي پائالىيەت سورۇنىدا يۈز بەرگەن چوڭ ھادىسە، چوڭ ۋەقەنى ۋاقتىدا دوكلات قىلماي، ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغان بولسا؛

(4) مۇشۇ نىزامنىڭ 4- ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، دىنىنىڭ مۇستەقىل بولۇش ۋە ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش پرىنسىپىغا خىلاپلىق قىلغان بولسا؛

(5) چېگرا ئىچى ۋە سىرتىدىكىلەرنىڭ ئىئانىسىنى قوبۇل قىلىشتا دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلغان بولسا؛

(6) تىزىملاپ باشقۇرغۇچى ئورگاننىڭ قانۇن بويىچە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلمىغان بولسا.

42- ماددا دىنىي مەزمۇندىكى نەشر بۇيۇمىدا مۇشۇ نىزامنىڭ 7- ماددىسىنىڭ 2- تارمىقىدا مەنئى قىلىنغان مەزمۇنلار بولسا، ئالاقىدار جاۋابكار ئورۇن ۋە خادىمغا ئالاقىدار مەسئۇل تارماق قانۇن بويىچە مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ

43- ماددا ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن دىنىي پائالىيەت سورۇنى قۇرغانلار، رويخەتتىن ئۆچۈرۈلگەن دىنىي پائالىيەت سورۇنىدا دىنىي پائالىيەت قىلىۋەرگەنلەر ياكى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن دىنىي مەكتەپ ئاچقانلارنى دىن ئىشلىرى تارمىقى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ، قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنى مۇسادىرە قىلىدۇ؛ قانۇنغا خىلاپ ھالدا سالغان ئۆي، قۇرۇلمىلىرىنى قۇرۇلۇش مەسئۇل تارمىقى قانۇن بويىچە بىرتەرەپ قىلىدۇ؛ ئامانلىق باشقۇرۇشقا خىلاپ قىلمىش سادىر قىلغانلارغا قانۇن بويىچە ئامانلىق باشقۇرۇش جازاسى بېرىلىدۇ.

غەيرىي دىنىي تەشكىلات، غەيرىي دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىدىن دىنىي پائالىيەت تەشكىللىگە، ئۆتكۈزگەن، دىنىي ئىئانە قوبۇل قىلغانلىرىنى دىن ئىشلىرى تارمىقى ھەرىكىتىنى توختىتىشقا بۇيرۇيدۇ؛ قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتى بارلىرىنىڭ قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنى مۇسادىرە قىلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىرلىرىغا قوشۇمچە قانۇنغا خىلاپ

تاپاۋىتىنىڭ 1 ھەسسىسىدىن يۇقىرى، 3 ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويىسا بولىدۇ.

دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان پۇقرالارنى ھەجگە ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن تەشكىللىگەنلەرنى دىن ئىشلىرى تارمىقى ھەرىكىتىنى توختىتىشقا بۇيرۇيدۇ؛ قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتى بارلىرىنىڭ قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنى مۇسادىرە قىلىدۇ، قوشۇمچە قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنىڭ 1 ھەسسىسىدىن يۇقىرى، 3 ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويىسا بولىدۇ.

**44- ماددا** مۇشۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ ئوچۇقچىلىقتا چوڭ دىنىي ھەيكەل ياسىماقچى بولغانلارنى دىن ئىشلىرى تارمىقى ئىشنى توختىتىشقا بۇيرۇيدۇ، سۆرۈك ئىچىدە چاقتۇرىدۇ؛ قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتى بارلىرىنىڭ قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنى مۇسادىرە قىلىدۇ.

**45- ماددا** دىنىي خادىملاردىن دىنىي ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا قانۇن-نىزام ياكى قائىدىلەرگە خىلاپلىق قىلغانلار قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلغاندىن باشقا، دىن ئىشلىرى تارمىقى ئالاقىدار دىنىي تەشكىلاتقا ئۇلارنىڭ دىنىي خادىملىق سالاھىيىتىنى بىكار قىلىش ھەققىدە تەكلىپ بېرىدۇ.

دىنىي خادىم بولۇۋېلىپ دىنىي پائالىيەت قىلغانلارنى دىن ئىشلىرى تارمىقى پائالىيىتىنى توختىتىشقا بۇيرۇيدۇ؛ قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتى بارلىرىنىڭ قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنى مۇسادىرە قىلىدۇ؛ ئامانلىق باشقۇرۇشقا خىلاپ قىلمىش سادىر قىلغانلارغا قانۇن بويىچە ئامانلىق باشقۇرۇش جازاسى بېرىلىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەر قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

**46- ماددا** دىن ئىشلىرى تارمىقىنىڭ كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكىتىگە قايىل بولمىغانلار قانۇن بويىچە مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ؛ مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىش قارارىغا قايىل بولمىغانلار قانۇن بويىچە مەمۇرىي دەۋا قىلسا بولىدۇ.

## 7- باب قوشۇمچە پرىنسىپ

47- ماددا ئىچكى جايلارنىڭ شىياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايون، ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ۋە تەيۋەن رايونى بىلەن بولغان دىنىي ئالاقىسى قانۇن، مەمۇرىي نىزام ۋە دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە بولىدۇ.

48- ماددا بۇ نىزام 2005- يىل 3- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ. گوۋۇيۈەن 1994- يىل 1- ئاينىڭ 31- كۈنى ئېلان قىلغان «دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى» شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىكار قىلىندۇ.

مەنبە: ئۈرۈمچى شەھەرلىك مىللەت ۋە دىن تورى
ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: مەنزىل گۇرۇپپىسى